# دىققەتنى مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش خىزمەتنى ئالغا سىلجىتىپ ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

بىر ئوبلاستىدىكى ئامىمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، كۆپ قېتىم ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش، كوللېكتىپ سۆھبەتلىشىش، ئايرىم سۆزلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق پىكىر ئېلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش تەدبىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى بىر قىسىم كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېھتىياجىغا قارىتا، بىز شۇ جاينىڭ كۆچۈرۈش نۇقتىلىرىنىڭ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يىرىك پىلانىنى تۈزۈشكە ياردەم بېرىپ، كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇپ، كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەرنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىۋاتىمىز.» دېدى گاۋ چياڭ.

گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى قايتا ئويلانغاندا، ئاڭلىق ھالدا قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىش، ئۆلچەمگە توغرىلىنىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نازارىتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى شىنجاڭنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسىنى ئاشۇرۇپ ئېنېرگىيەنى كېڭەيتىش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خەۋپ - خەتىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسىنى ئاشۇرۇپ، ئېنېرگىيەنى كېڭەيتىشتىكى نۇقتىلىق ئورۇنلارنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاساسىي قاتلامدىكى كارخانىلارنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرى، بولۇپمۇ ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇس تۈزەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرگە قارىتا، بىر - بىرلەپ مەسىلە تىزىملىكى تۈزۈپ چىقىپ، جەمئىي تەكشۈرۈپ كۆزىتىلىدىغان مەسىلىدىن 18نى رەتلەپ چىقىپ، يەتتىنى دەرھال تەكشۈرۈپ دەرھال ئۆزگەرتتى، 11نى مۆھلەت بەلگىلەپ تۈزەتتى.

### ■ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، پەرقلەرنى تېپىپ، چارە ئىزدەپ، تەدبىر قوللىنىپ، كەڭ پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىدىن ئەقىل سورىدى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سۇبيېكتلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى سورىدى.

«تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بىز پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئىلھام بېرىش جەھەتتە يەنە تېخىمۇ كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈش، جۈملىدىن پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشنى قانداق ئىلگىرى سۈرۈش، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشى، ئىگىلىك تىكلىشىگە قانداق ئىلھام بېرىش قاتارلىقلارنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن خىزمەتلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچ قوشقىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق.» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى نەتىجىلەرنى ئايلاندۇرۇش ۋە پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جاڭ يۈ.

پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى كۆپلىگەن تارماق، ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئون نەچچە كارخانىغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پەن تەتقىقات 1 - سېپىدىكى 100گە يېقىن خادىم بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەم باش تېما تەربىيەسىنىڭ دەرھال ھەرىكەتلىنىپ دەرھال تۈزىتىش تەلىپى بويىچە تۈزىتىش تىزىملىكى تۈزۈپ چىقتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئىشخانىسى تەدبىر بەلگىلەش مەسلىھەتچىلىكى خىزمىتى ۋە يېڭى تىپتىكى ئاقىللار ئامبىرى قۇرۇلۇشى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار يېڭى تىپتىكى ئاقىللار ئامبىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەرنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكى ئىشخانىسىغا ئېچكى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار بىلەن ئالاقىلىشىپ، تەدبىر بەلگىلەش مەسلىھەتچىلىكى خىزمىتىگە ئورتاق قاتنىشىش؛ تېما تاللاش، توپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، تەدبىر بەلگىلەش مەسلىھەتچىلىكى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، يېڭى تىپتىكى تەدبىر بەلگىلەش مەسلىھەتچىلىكى ئاقىللار ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ كۆزىتىپ، «شىنجاڭنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇپ، كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىشى»دىن ئىبارەت بۇ باش تېمىنى چۆرىدەپ، سانجى شەھىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش رايونى، «200 + 50» كارخانىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى، «قىيىنچىلىقى بار نۇقتىلىق كارخانىلار، نۇقتىلىق ئىلگىرى سۈرۈشكە تېگىشلىك تۈرلەر ۋە كارخانىلار»نى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كارخانىلارنىڭ كەسىپ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش ئۇسۇلىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى رەتلەپ ئانالىز قىلدى ھەم بىر قىسىم مەسىلىلەرگە نەق مەيداندا جاۋاب بەردى ۋە ئىنكاس قايتۇردى.

### ■ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ قاتتىق تەدبىر قوللىنىش

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شىخەنزىدە ئولتۇرۇشلۇق ۋۇ تاۋ ئۈرۈمچىگە ئىش بېجىرگىلى كېلىپ، ئۈرۈمچى يېڭى ۋوگزالىدىن چىققاندا، بەزى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى بايقىدى. «ئىلگىرى پويىزدىن چۈشكەندىن كېيىن خېلى ئۇزۇن يول يۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىمىز ئولتۇرماقچى بولغان يولنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئولتۇراتتۇق، ھازىر يولدىن ئۆتسىلا ئاپتوبۇسقا چىققىلى بولىدىكەن، بەك قولايلىق بوپتۇ. خەلققە قولايلىق بۇ مۇلازىمەت تەدبىرىگە ئاپىرىن!» دېدى ۋۇ تاۋ.

كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، چوڭقۇر سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ، مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ، تولۇق تەھلىل قىلىپ، تۈزىتىشنى توغرا نىشان بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتى دىققەتنى ئۈرۈمچىدە ئاپتوموبىل يولۇچى توشۇش بېكىتىنىڭ سانى كۆپ بولۇش، بىرلەشتۈرۈش قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، 7 - ئايدىن باشلاپ، ئۈرۈمچىدىكى يەتتە يولۇچى توشۇش بېكىتىدە بىر شەھەردە يۈكلۈك بىرلەشمە ترانسپورت بويىچە ئاپتوبۇس ماڭغۇزۇشنى يولغا قويۇپ، ئىلگىرىكى يولۇچى ترانسپورت ئاپتوموبىللىرىنىڭ بىرلا يولۇچى توشۇش بېكىتىگە كىرىپ يولۇچى بېسىشىغا رۇخسەت قىلىش بەلگىلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يولۇچىلارنىڭ يېقىن ئەتراپتىكى ئاپتوموبىل يولۇچى توشۇش بېكىتىنى تاللاپ سەپەرگە چىقىشىغا قولايلىق ياراتتى. ئىگىلىنىشچە، نۆۋەتتە ئۈرۈمچى بىر شەھەردە يۈكلۈك بىرلەشمە ترانسپورت بويىچە ئاپتوبۇس ماڭغۇزۇشتا 20 لىنىيەنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتى يەنە بىر قېتىم بىر شەھەردە يۈكلۈك بىرلەشمە ترانسپورت بويىچە ئاپتوبۇس ماڭغۇزۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. «بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا، بىز يەنە بەزى ئىنچىكە مەسىلىلەرنى بايقىدۇق، مەسىلەن، ئىككى يولۇچى ترانسپورت بېكىتى ئارىسىدىكى بىلەت سېتىش ئۈچۈرى ماس كەلمىگەچكە، ياخشى تۇتاشتۇرۇلمىغاچقا، بىلەتنىڭ تەكرار سېتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يولۇچىلارغا بەلگىلىك قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلگەن.» ئاپتونوم رايونلۇق يول ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى يولۇچى توشۇشنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جاڭ نەن مۇنداق بىلدۈردى: بىز باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى خىزمەتنى ئالغا سىلجىتىش ۋە ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىشتا گەۋدىلەندۈرۈپ، شەھەرلەر ئارا بىرلەشمە توردا بىلەت سېتىش سىستېمىسىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، ئاپتوموبىل بېكەتلىرى بىلەن يولۇچى ترانسپورت كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا تېخىمۇ قولايلىق يارىتىپ بېرىمىز.

شىنجاڭ تەمىنات - سودا مەبلەغ سېلىش (پاي كونترول) گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتكومى ئاپتونوم رايون بېكىتكەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىكى 12 مۇھىم نۇقتىغا سېلىشتۇرۇپ، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەكشۈرۈپ كۆزىتىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تەكشۈرۈپ كۆزىتىش، سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق تەكشۈرۈپ كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تەكشۈرۈپ كۆزىتىش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۆزى ئىزدەش، ئامما ئوتتۇرىغا قويۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار كۆرسىتىپ بېرىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كەڭ دائىرىدە پىكىر - تەكلىپ ئالدى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا بايقالغان مەسىلىلەرگە قارىتا، ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىرىنى دەرھال بېجىردى، دەرھال ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىرىنىڭ ھەل قىلىش ۋاقتى چېكى ۋە تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇردى، باسقۇچلۇق نىشان بېكىتىپ، قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇپ، سەجىل تۈزەتتى. ئىگىلىنىشچە، گۇرۇھ شىركەت پارتكوم بەنزىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بەش جەھەتتىكى مەسىلىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان، تەكشۈرۈپ كۆزەتكەن، بەنزە ئەزالىرى 11 جەھەتتىكى مەسىلىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان، تەكشۈرۈپ كۆزەتكەن، تۈرلۈك پىكىر - تەكلىپتىن 61نى توپلىغان. گۇرۇھ شىركىتى پارتكومى بۇ مەسىلىلەرنى تۈزىتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇۋېتىپتۇ.

# ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىدە 32 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

«پۈتۈن ناھىيەدە ھازىر 137 مېھمانساراي، مېھمانخانا، 476 يۇقراۋى قونالغۇ بار، ساياھەتچىلىك كەسپى ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە بارغانسېرى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.» بۇرچىن ناھىيەلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يې سۇچىننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، بۇرچىن ناھىيەسىدىكى ساياھەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سانى 17 مىڭ ئادەمگە يېتىپ، پۈتۈن ناھىيەدىكى ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىملار ئومۇمىي سانىنىڭ %43نى ئىگىلىگەن.

مۇقىملىق پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى ئالتۇن مەزگىلگە كىرىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا جەلپ قىلىدىغان مۇھىم يولغا ئايلاندى، بارغانسېرى كۆپلىگەن دېھقان - چارۋىچىلار ساياھەتچىلىكنىڭ تامىقىنى يەپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇش يولىغا ماڭدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىز قونالغۇ، يېمەك - ئىچمەك، ساياھەت خاتىرە بۇيۇملىرىنى ئېچىش، يېزا - كەنت ساياھىتى قاتارلىق يوللار ئارقىلىق يېڭىدىن 32 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ %80نى تاماملىغان.

ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ گۈللىنىشى «ساياھەتچىلىك + نامراتلارنى يۆلەش» بوشلۇقىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاممىنىڭ يېزا - كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەنزىرە رايونىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش، كەچلىك بازاردا يايما يېيىش، ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش - سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۈچتۇرپان ناھىيەسى يېزا - كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تايىنىپ، يەرلىكتىكى زور بىر تۈركۈم نامرات ئاھالە ۋە يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ھەل قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ناھىيە يېزا - كەنت ساياھىتى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسىدىن 11نى بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلىك كەسپى ئارقىلىق پۈتۈن ناھىيەدىكى 2000دىن ئارتۇق كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى يۈزلىنىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەت ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى. ئالتاي ۋىلايىتى تۇنجى ئالىي كەسپىي شۆيۈەنى قۇردى، ساياھەت باشقۇرۇش، مېھمانساراي باشقۇرۇش قاتارلىق ئالتە كەسپنى تەسىس قىلىپ، ئاساسلىقى ساياھەت كەسپى بويىچە يۇقىرى ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلىمەكچى، بۇ يىل 600 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى پىلانلىدى؛ فۇكاڭ تېخنىك شۆيۈەنى ساياھەت كەسپىگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىپلا قالماي، يەنە جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ساياھەتچىلىك كەسپى كارخانىلىرى خىزمەتچىلىرىنى تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، 2018 - يىلى 2000دىن ئارتۇق ئادەم قېتىمنى تەربىيەلىدى؛ خوتەن تېخنىك شۆيۈەنى 80دىن ئارتۇق مېھمانساراي، يېمەك - ئىچمەك ساياھەت مۇلازىمەت كارخانىسى بىلەن مەكتەپ - كارخانا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىلگىرى سۈردى.

«بۇنىڭدىن كېيىن، بىز سىياسەت، مۇلازىمەت، تەربىيەلەش جەھەتتە ئۇنىۋېرسال كۈچەپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشنى ئىلگىرى سۈرىمىز.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى ما جيەنيۈننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىك بويىچە كەسپىي تەربىيەلەشنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدە ماھارەتلىك ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش پىلانى قاتارلىقلارنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، ساياھەت مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە ئۇزاق مەزگىللىك ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىدىكەن.

# بىر خىل مېكسىكا سەبدەرگۈلى جەنۇبىي شىنجاڭ قەدىمىي يىپەك يولىدا پورەكلەپ ئېچىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەردىن بىردىن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى تاللاپ ئەۋەتىپ، ئەسلىدىكى ناھىيەدىن ئەۋەتىلگەن كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ كۈچىنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى.

ئېغىر نامرات ئىنەكپاتا كەنتى تەبىئىي بايلىق نازارىتىنىڭ كادىرى دېڭ دۇڭشېڭ بىلەن شىنجاڭ داشۆسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋۇ جيەنچياڭنى كۈتۈۋالدى. شىنجاڭنىڭ تۇپرىقى كەڭ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ تەبىئىتى، ئىقلىمى ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. شىمالىي شىنجاڭدا چوڭ بولغان ۋۇ جيەنچياڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ چېتىدىكى بوستانلىقنىڭ ئەھۋالىنى ئانچە چۈشەنمەيتتى.

«نامراتلىق ئەھۋالى ئويلىغىنىمدىنمۇ بەكرەك ئېغىر ئىكەن.» «چوڭقۇر چۆكۈپ»، ھەر كۈنى ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ، ئامما بىلەن سىردىشىپ سۆھبەتلەشكەندىن كېيىنلا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزا - كەنتلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئاندىن ۋۇ جيەنچياڭنىڭ كۆز ئالدىدا تەدرىجىي روشەنلەشتى.

يەكەن شىنجاڭدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ ناھىيە، بىراق كەسىپلەر كەمچىل بولغانلىقتىن، دائىمىي تۇرۇشلۇق 1 مىليون 38 مىڭ نوپۇسنى ئەمگەك كۈچى ئەۋزەللىكىگە ئۆزگەرتىپ ئايلاندۇرۇش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. زور كۆپچىلىكى يەنىلا «يەرگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى»، بىراق كىرىمى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. 2017 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، يەكەندە نامراتلىقنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى %20.4كە يەتتى.

ئىنەكپاتا كەنتىدە 4100 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر ئۈچ موغا يەتمەيتتى، ئۇزاق مەزگىل تېرىلىپ كەلگەن بۇغداي، كۆمۈقىنىڭ مو بېشى كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 400 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە، 1200 يۈەندىن 1500 يۈەنگىچە بولۇپ، يەنە ئاشۇرۇش قىيىن ئىدى.

دېڭ دۇڭشېڭ بىلەن ۋۇ جيەنچياڭ كەلگەندىن كېيىن، كۈچى زور دەرىجىدە ئاشقان خىزمەت ئەترىتى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى باشلىدى. خىزمەت ئەترىتى، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى، كەنت ئاھالىلىرى يىغىنى ئۈچ نۆۋەت كېڭەشكەندىن كېيىن، ئارقىلىق تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەيدىغان بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور قارار بارلىققا كەلدى: ئاشلىق ئېتىزى ۋە باغ - ئورمان يېرىدىن باشقا، ئىنەكپاتا كەنتى ھەممە يەرنى سەبدەرگۈل ئۆستۈرۈشكە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلىدۇ.

ئەسلىدە مېكسىكىدىن چىققان سەبدەرگۈل مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ جۇڭگوغا كىرگەن، 2011 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن يەكەندە 300 مو يەردە سىناق تەرىقىسىدە ئۆستۈرۈلگەن. لېكىن بۇ يىل 138 مىڭ موغا كېڭەيتىلىپ، يەكەن ناھىيەسىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ سەبدەرگۈل ئۆستۈرۈش بازىسىغا ئايلاندۇرۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يېڭى سەبدەرگۈل پىششىقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى.

ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا تەشكىللەش، دېھقانلارغا تولۇقلىما بېرىپ مەخسۇس خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىش، قوغداش باھاسى بويىچە بىرتۇتاش سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇش، سەبدەرگۈلدىن تەبىئىي ئۇسسۇملۇق پىگمېنتى كسانتوفىل ئايرىۋېلىش، ئۆستۈرۈشتىن يىغىشقىچە، يەنە پىششىقلاپ ئېكسپورت قىلىشقىچە بولغان بىر يۈرۈش مۇكەممەل كەسىپ زەنجىرى يەكەندە يولغا قويۇلدى.

دەل مۇشۇ كەسىپ زەنجىرى شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى جەمئىي 600 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئېكسپورتتىن 50 مىليون دوللار تاشقى پېرېۋوت يارىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 30 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئائىلىدىكى 100 مىڭ ئادەمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى چېنگۇاڭ بىيوسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ساھە چېمپىيونىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى بولدى.

تۇنجى قېتىم ئۆستۈرگەندە، «ئىگىلىك تىكلىگەن» دېڭ دۇڭشېڭ، ۋۇ جيەنچياڭ دەككە - دۈككىدە قالدى. «گەرچە چېنگۇاڭ شىركىتى قولمۇقول ئۆگەتكەن بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئەي بولۇش نىسبىتى مەسىلىسىدىن ئەنسىرىدۇق، ئەگەر %90كە يەتمىسە، ھەممە سۇغا چىلىشاتتى».

ئەي بولۇشتىكى ئاچقۇچ تېرىشتا. بىر تۈپ سەبدەرگۈلنى تېرىشتا تۆت ئىش تەرتىپى كېتىدۇ، تېرىش مەزگىلى قىسقا بولۇپ، 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 - ئاينىڭ بېشىغىچە مەركەزلەشكەن. ۋاقتىدا تېرىپ بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىش كېرەك، ئەگەر بىر ئىش تەرتىپى ئۆلچەملىك بولمىسىلا، ئەي بولۇشنىڭ ئۆزى بىر مەسىلىگە ئايلىنىدۇ.

ھېلىمۇ ياخشى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە دېھقانلار كەچلىك كۇرسى ئېچىلدى. بولتۇر 8 - ئايدىن باشلاپ، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى كەچلىك كۇرسنى سەبدەرگۈل تېرىقچىلىقى بويىچە تەربىيەلەشتىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلىپ، قايتا - قايتا ئۈلگە كۆرسىتىپ، تېرىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى چۈشەندۈردى. تېرىش پەسلىگە كىرگەندە، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى، كەنت كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئائىلىلەرنى ھۆددە ئېلىپ ئېتىزغا بېرىپ، ئۆز قولى بىلەن تېرىشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

«نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەي بولۇش نىسبىتى %97تىن ئېشىپ، ئويلىغىنىمىزدىنمۇ ياخشى بولدى.» دېدى ۋۇ جيەنچياڭ. چېنگۇاڭ بىيوپەن - تېخنىكا گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى خەن ۋېنجيې مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بىز دېھقانلار بىلەن قوغداش باھاسىدا توختام ئىمزالاپ، ھەر كىلوگرامىنى 1.05 يۈەن باھادا نەق پۇلغا سېتىۋالىدىغان بولدۇق، «ئۇسۇش ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل مو بېشى ھوسۇلىنى ئىككى توننىدىن ئۈچ توننىغىچە يەتكۈزگىلى بولىدۇ، تەننەرخنى چىقىرىۋەتكەندە مو بېشىدىن 2000 يۈەندىن كۆپرەك پايدا ئالغىلى بولىدۇ».

يەكەن ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى فەن خېتاۋ مۇنداق دېدى: يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش كارخانىلىرى ماكانلاشقانلىقتىن، نۆۋەتتە پۈتۈن ناھىيە بويىچە 60 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە يېرىنى سەبدەرگۈل تېرىشقا ئۆزگەرتتى، %6 تېرىلغۇ يەردە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

قەدىمىي يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازار يەكەندىلا ئەمەس، ئەينى يىلدىكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولى بويىدىكى كېرىيە، چىرا، قاغىلىق، يېڭىسار ... قومۇلقنىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ بوستانلىقلاردا قىزغۇچ سېرىق رەڭدىكى «گۈل دېڭىزى»نى كۆرگىلى بولىدۇ. سەبدەرگۈل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى «ئۆتكۈر قورال»غا ئايلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تېرىقچىلىق كۆلىمى 160 مىڭ مودىن ئاشتى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

# سۇ تېجەش بىلەن ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتا قوش پايدا ئېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار قومۇلنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى چەكلەپ كەلمەكتە. شۇ سەۋەبتىن، 2005 - يىلدىن باشلاپ، قومۇل شەھىرى سۇ تېجەش سالمىقىنى زورايتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدى بىلەن سۇ تېجەشچان جەمئىيەت بەرپا قىلدى. يېزا ئىگىلىكىدە تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش تېخنىكىسىنى يولغا قويدى، 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرى، قومۇل شەھىرى يوپۇق ئاستىدىن تېمىتىپ سۇغىرىشنى ئاساس قىلغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش كۆلىمىدىن 1 مىليون 330 مىڭ مو بەرپا قىلىپ، ئومۇمىي سۇغىرىش كۆلىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنى %85تىن ئاشۇردى. يېزا ئىگىلىكىدە يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى قومۇل شەھىرىنىڭ سۇ ئىشلىتىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، يېزا ئىگىلىكىدە سۇ ئىشلىتىش نىسبىتى 2005 - يىلدىكى %88.1تىن نۆۋەتتىكى %80كە تۆۋەنلەپ، سۇ ئىشلىتىش ئۈنۈمى ۋە پايدىسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

ھەربىر كۇب مېتىر سۇنىڭ ئەڭ زور ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئاچقۇچ يېزا ئىگىلىكى سۇ باھاسىنىڭ شەكىللىنىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش.

بۇ يىل، قومۇل شەھىرى سۇ تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ قاتتىق بولغان سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سۇ ھوقۇقى، سۇ باھاسى ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ئېكولوگىيەگە ئىشلىتىدىغان سۇنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يېزا ئىگىلىكى سۇ ھوقۇقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىككىنچى نۆۋەت ھۆددىگە بېرىلگەن يەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى سۇ ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئورناتتى ھەم يېزا ئىگىلىكى سۇ ھوقۇقىنى ئىشلىتىش كىنىشكىسى تارقىتىپ، «نورما بەلگىلەپ ھەق ئېلىش، بەلگىلەنگەن نورمىدىن ئاشسا باھا قوشۇش» تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى، سۇنى كۆپ ئىشلەتكەنلەر كۆپ پۇل تاپشۇرىدىغان بولدى. توك قۇدۇقلىرىغا قارىتا قۇدۇق بىلەن توكنى قوش تىزگىنلەشنى يولغا قويۇپ، توك ئىشلىتىش مىقدارىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق تارتىلىدىغان سۇنىڭ مىقدارىنى تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

قومۇل شەھەرلىك سۇچىلىق ئىدارىسى سۇ مەمۇرىيىتى، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋۇ خۇڭفاڭ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: قومۇل شەھىرى سۇ ھوقۇقى، سۇ باھاسى ئىسلاھاتىدىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ سۇ ھەققى چىقىم ئەھۋالىنى ئېنىقلىدى، تەكشۈردى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، گەرچە سۇ باھاسى ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن دېھقانلارنىڭ سۇ ھەققى چىقىمى ئاشمىغان، سەۋەبى دېھقانلار سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشكە باشلىغان. ئۆلچەپ ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل پۈتۈن شەھەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىدىغان سۇنىڭ 140 مىليون كۇب مېتىر ئازىيىشىدىن ئۈمىد بار ئىكەن.